# «خۇ جىنتاۋ ئەسەرلىرىدىن تاللانما»نىڭ تىكمە تۈپلەنمە نۇسخىسى نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 12 - ئاينىڭ 25 - كۈنى تېلېگراممىسى** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى پارتىيە تارىخى ۋە ھۆججەت تەتقىقات يۇرتىنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىشى بىلەن، «خۇ جىنتاۋ ئەسەرلىرىدىن تاللانما» (جەمئىي ئۈچ توم)نىڭ تىكمە تۈپلەنمە نۇسخىسى تىكمە تۈپلەنمە كىتاب ئىدارىسى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى، بۈگۈندىن باشلاپ پۈتۈن مەملىكەتتە تارقىتىلدۇ.

بۇ تىكمە تۈپلەنمە كىتاب خەلق نەشرىياتىنىڭ 2016 - يىلى 9 - ئايدا نەشر قىلغان «خۇ جىنتاۋ ئەسەرلىرىدىن تاللانما»نى نۇسخا قىلغان بولۇپ، خەتلەر مۆرەككەپ خەت شەكلىدە چوڭ، تىك ھالەتتە تىزىلغان، 16 فورماتلىق، تولۇق يۈرۈش 21 قىسىم، ئۈچ مەزمۇنغا بۆلۈپ رەتلەنگەن. تېكىست شۈەنزى قەغىزىگە نەپىس بېسىلغان، ئۈستى كۆك رەڭلىك يىپەك رەخت بىلەن ئورالغان بولۇپ، تۈنجى قېتىمدا 500 يۈرۈش بېسىلدى. نەپىس زىننەتلەشكە ئۆزگىچە باسمىچىلىق ماتېرىيالى ۋە ھۈنەر - سەنئىتى قوشۇلۇپ، بۇ كىتابنى قويۇق جۇڭخۇا مەدەنىيىتى پۇرىقىغا ئىگە قىلدى، ئۇ، يىغىپ ساقلاشقا ئەرزىيدىغان قىممەتلىك كىتابتۇر.

«خۇ جىنتاۋ ئەسەرلىرىدىن تاللانما»غا يولداش خۇ جىنتاۋنىڭ 1988 - يىلى 6 - ئايدىن 2012 - يىلى 11 - ئايغىچە بولغان مەزگىلدىكى ۋەكىللىك خاراكتېرگە، خاسلىققا ئىگە مۇھىم ئەسەرلىرى كىرگۈزۈلگەن. بۇ ئەسەرلەردە پارتىيە 16 - قۇرۇلتىيىدىن كېيىنكى ئون يىلدا يولداش خۇ جىنتاۋ باش شۇجىلىقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمدا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇش تارىخىي مۇساپىسى جانلىق خاتىرىلىنىپ، پارتىيەمىزنىڭ خەلققە تايىنىپ بىر قاتار مۇھىم، زور خىرىسلارنى يېڭىپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولۇشتا قولغا كەلتۈرگەن يېڭى مۇھىم، زور مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ قىممەتلىك تەجرىبىلىرى ئىلمىي يەكۈنلىنىپ، پارتىيەمىزنىڭ ماركسىزمنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرىنى زامانىمىزدىكى جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتى ۋە دەۋر ئالاھىدىلىكى بىلەن بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ ئىجادىي ئوتتۇرىغا قويغان مۇھىم، زور نەزەرىيە نەتىجىلىرى مەركەزلىك ئەكس ئەتتۈرۈلۈپ، ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنىڭ بارلىققا كېلىشى، شەكىللىنىشى، تەرەققىي قىلىش تارىخىي جەريانى ئومۇميۈزلۈك نامايان قىلىنغان، ئۇ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم نەزەرىيە سىستېمىسىدىكى كلاسسىك ئەسەردۇر. جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى ئالاھىدىلىككە ئىگە تىكمە تۈپلەنمە كىتاب شەكلىدە «خۇ جىنتاۋ ئەسەرلىرىدىن تاللانما»نى نەشر قىلىش بۇ كلاسسىك ئەسەرنىڭ ھۆججەت قىممىتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئۇنىڭ نۇسخىسى، تۈرىنى بېيىتتى. «خۇ جىنتاۋ ئەسەرلىرىدىن تاللانما»نىڭ تىكمە تۈپلەنمە كىتابىنىڭ نەشر قىلىنىشى ئىلگىرى نەشر قىلىنغان «ماۋ زېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى»، «دېڭ شياۋپىڭ ئەسەرلىرىدىن تاللانما»، «جياڭ زېمىن ئەسەرلىرىدىن تاللانما»نىڭ تىكمە تۈپلەنمە كىتابى بىلەن بىللە پارتىيەنىڭ كلاسسىك ئەسەرلىرىنىڭ يۈرۈشلۈك تىكمە تۈپلەنمە نۇسخا توپلىمىنى شەكىللەندۈردى.

# ئالدىنقى 11 ئايدا شىنجاڭنىڭ تاشقى سودا ئىمپورت - ئېكسپورت ئومۇمىي قىممىتى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 30%تىن كۆپرەك ئاشتى

(بېشى 1 - بەتتە)

چېگرا ئاز سومملىق سودا شەكلىدىكى ئىمپورت - ئېكسپورت 90 مىليارد 140 مىليون يۈەن بولۇپ، 26.5% ئېشىپ، ئوخشاش مەزگىلدىكى شىنجاڭ ئىمپورت - ئېكسپورت ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 60%تىن كۆپرەكىنى ئىگىلىگەن. ئادەتتىكى سودا شەكلىدىكى ئىمپورت - ئېكسپورت 51 مىليارد 440 مىليون يۈەن بولۇپ، 37.4% ئاشقان. رايون ئىچىدىكى ئەشيا ئوبوروت ماللىرى، چەت ئەلگە مەبلەغ سېلىش، چېگرا ئاھالىلىرى ئۆتۈشمە بازىرى سودا ئىمپورت - ئېكسپورتىنىڭ ھەممىسى ھەسسىلەپ ئاشقان، رايون ئىچىدىكى ئەشيا ئوبوروت ماللىرى ئىمپورت - ئېكسپورتى 4 مىليارد 920 مىليون يۈەن بولۇپ، 2.7 ھەسسە ئاشقان؛ چەت ئەلگە مەبلەغ سېلىش ئىمپورت - ئېكسپورتى 2 مىليارد 860 مىليون يۈەن بولۇپ، 5 ھەسسە ئاشقان؛ چېگرا ئاھالىلىرى ئۆتۈشمە بازىرى سودا ئىمپورت - ئېكسپورتى 140 مىليون يۈەن بولۇپ، 1.4 ھەسسە ئاشقان.

سودا قۇرۇلمىسىدىن قارىغاندا، شىنجاڭ ئالدىنقى 11 ئايدا ئاساسلىق ماشىنىسازلىق - ئېلېكترون مەھسۇلاتلىرى، كىيىم - كېچەك ھەم كىيىم - كېچەك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى، ئاياغ تۈردىكىلەر قاتارلىق تاۋارلارنى ئېكسپورت قىلغان، تەبىئىي گاز، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى، ماشىنىسازلىق ۋە ئېلېكترون مەھسۇلاتلىرى قاتارلىقلارنى ئىمپورت قىلغان.

سودا ھەمراھىدىن قارىغاندا، سودا ئوبيېكتىدا كۆپ مەنبەلەشكەن تەرەققىيات ۋەزىيىتى كۆرۈلگەن. قازاقىستان يەنىلا جۇڭگو شىنجاڭنىڭ بىرىنچى چوڭ سودا ھەمراھلىق ئورنىدا مۇقىم تۇرغان، شىنجاڭنىڭ قازاقىستان بىلەن بولغان ئىمپورت - ئېكسپورتى 67 مىليارد 640 مىليون يۈەن بولۇپ، 31.2% ئېشىپ، شىنجاڭنىڭ ئىمپورت - ئېكسپورت ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 45.3%نى ئىگىلىگەن. قىرغىزىستان ۋە رۇسىيە ئايرىم - ئايرىم ھالدا 21 مىليارد 820 مىليون يۈەن، 8 مىليارد 970 مىليون يۈەن بىلەن 2 -، 3 - ئورۇندا تۇرغان. ئامېرىكا بىلەن بولغان ئىمپورت - ئېكسپورتنىڭ ئېشىشى تېز بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 38.1% ئاشقان. پاكىستان، ئاۋستىرالىيە، سىنگاپور، ئەنگلىيە، ۋيېتنام، ئارگېنتىنا قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن بولغان ئىمپورت - ئېكسپورتىمۇ ناھايىتى تېز ئاشقان.

ئالدىنقى 11 ئايدا، تاشقى سودا ساھەسىدىكى پۇقراۋى كارخانىلار ھاياتىي كۈچكە تولغان بولۇپ، 112 مىليارد 710 مىليون يۈەنلىك ئىمپورت - ئېكسپورت قىممىتى بىلەن ئىمپورت - ئېكسپورت ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 70%دىن كۆپرەكىنى ئىگىلىگەن. دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىمپورت - ئېكسپورتىنىڭ ئېشىشى كۈچلۈك بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 49.7% ئاشقان. چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىلارنىڭ ئىمپورت - ئېكسپورتىدىمۇ ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 4.8%لىك ئېشىش ئىشقا ئاشقان.

---

ئۈرۈمچى تاموژنىسىنىڭ مۇئاۋىن تاموژنا باشلىقى لى شىرۇي مۇنۇلارنى بىلدۈردى: بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان، ئاپتونوم رايون «بىر پورت، ئىككى رايون، بەش چوڭ مەركەز، پورت ئىقتىساد بەلبېغى»نى ئاساسلىق تۇتقا قىلىپ، بىر تۈركۈم مۇھىم، زور ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشى تۈرلىرى ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت ھەمكارلىق تۈرلىرىنىڭ ئەمەلىلىشىپ ئۈنۈم ھاسىل قىلىشىغا تۈرتكە بولۇپ، يادرولۇق رايون قۇرۇلۇشى قەدىمىنى تېزلىتىپ، شىنجاڭنىڭ رايون ئەۋزەللىكى، بايلىق ئەۋزەللىكىنى ئىقتىسادىي ئەۋزەللىككە ئايلاندۇردى. تاموژنا يەنە تاموژنا تەكشۈرۈش كەسپىنىڭ يۇغۇرۇلۇشىغا يەنىمۇ تۈرتكە بولۇپ، ئىككى قەدەمدە ئىلتىماس قىلىش، ئالدىن كېلىشىپ تاموژنىدىن ئۆتكۈزۈش، 15 خىل ئەسلىي ئىشلەپچىقىرىلغان جاي گۇۋاھنامىسىنى ئۆزى بېسىپ چىقىرىش، ئىمپورت - ئېكسپورت ماللىرىنى تاپشۇرۇۋالغۇچىلارنى، ئەۋەتكۈچىلەرنى تىزىملاپ «كۆرۈشمەيلا» تەستىقلاش ئىسلاھاتى قاتارلىق بىر قاتار ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى يولغا قويۇپ، سودىنى قولايلاشتۇرۇش سەۋىيەسىنى ئۆستۈردى.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

ھەش - پەش دېگۈچە، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئۆيىنى زىيارەت قىلىۋاتقان جاك شىن ئىشخانىسىغا ئالدىراش قايتىپ كەلدى. دۇڭ گۈيفاڭ يان تېلېفونىنى چىقىرىپ، «ئۈچتۇرپان ناھىيەسى: ياڭاقنى دەسلەپكى پىششىقلاپ كىرىمنى ئاشۇرۇش يولىنى كېڭەيتتى» ناملىق ماقالىنى ئىزدەپ تېپىپ جاك شىنغا كۆرسەتتى. «قاراڭ، مەن مۇشۇ ماقالىنى كۆرۈپ، ياڭاق سېتىۋېلىش ئۈچۈن سىزنى ئىزدەپ كەلدىم!» دېدى دۇڭ گۈيفاڭ.

ئەسلىدە، دۇڭ گۈيفاڭ بىر ئىمپورت - ئېكسپورت شىركىتىنىڭ مەسئۇلى بولۇپ، ئىزچىل قۇرۇق مېۋە - چېۋە ئېكسپورت سودىسى قىلاتتى، بۇ يىل ئۇ چەت ئەل بىلەن بىر زاكاز تالونى ئىمزالاپ، بىر تۈركۈم ياڭاق سېتىۋېلىشقا جىددىي ئېھتىياجلىق بولۇپ قالدى. ئىلگىرى ياڭاق سېتىۋېلىش كەسپلىرى بىرقەدەر ئاز بولغانلىقتىن، ئىزچىل خاتىرجەم بولغۇدەك مال مەنبەسى بولماي كەلگەنىدى. ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ئەلا سۈپەتلىك ياڭاق ئىشلەپچىقىرىش ئاساسلىق رايونى ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ، توردا ئۈچتۇر ئىزدەۋېتىپ، يار بېشى كەنتىنىڭ ياڭاقتىن مول ھوسۇل ئالغانلىقىغا ئالاقىدار خەۋەرنى كۆرۈپ، يەنە كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتى كېپىل بولسا، ياڭاقنىڭ سۈپىتىدە جەزمەن مەسىلە چىقمايدۇ دەپ قاراپ، دەرھال ئىزدەپ كەلگەنىدى. «قەيەردىن ياڭاق زاكاز قىلسام ئوخشاش، لېكىن يار بېشى كەنتىنىڭ ياڭىقىنى سېتىۋالساق بۇ يەردىكى پۇقرالارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشىغا ئازراق ئىش قىلىپ بەرگەن بولىمىز، شۇڭا مەن بۇ يەرنى تاللىدىم» دېدى دۇڭ گۈيفاڭ.

دۇڭ گۈيفاڭنىڭ كېلىش مەقسىتىنى ئۇققاندىن كېيىن، جاك شىن تولىمۇ خۇش بولدى، ئۇ دۇڭ گۈيفاڭنى باشلاپ، يار بېشى كەنتىنىڭ باغۋەنلەر باغ - ئورمانچىلىق كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى، ھەمكارلىق كوپېراتىپىدىكى ئەلا سۈپەتلىك ياڭاقلارنىڭ ھەممىسىنىڭ پوستى نېپىز، مېغىزى تولۇق، ئەتلىكلىكنى كۆرگەن دۇڭ گۈيفاڭ چىن كۆڭلىدىن ماختاپ مۇنداق دېدى: «يار بېشى كەنتىنىڭ ياڭىقىنىڭ سۈپىتى ھەقىقەتەن ياخشى ئىكەن، مېنىڭ بۇ يەرگە كېلىشىم توغرا بوپتۇ».

سورتنى بېكىتىش، ئەۋرىشكىسىنى كۆرۈش، باھادا كېلىشىش… يېرىم كۈن كېڭەشىش ئارقىلىق، ئىككى تەرەپ كېلىشىم ھاسىل قىلدى، دۇڭ گۈيفاڭ ھەر كىلوگىرامىنى 18 يۈەن باھا بىلەن 60 تونىنا ياڭاق سېتىۋېلىشنى قارار قىلدى، ئومۇمىي قىممىتى 1 مىليون 80 مىڭ يۈەن ئىدى.

زاكاز تالونى ئىمزالاپ ئۇزاق ئۆتمەي، يار بېشى كەنتى باغۋەنلەر باغ - ئورمانچىلىق كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ مەسئۇلى ئەلى ھېمىت دۇڭ گۈيفاڭ ئالدىن تۆلىگەن 500 مىڭ يۈەننى تاپشۇرۇۋالدى، ئۇ خۇشال ھالدا مۇنداق دېدى: «بۇ بىزنىڭ ھەمكارلىق كوپېراتىپىمىز ئەڭ تېز ئىمزالىغان، يەككە سوممىسى ئەڭ چوڭ بولغان زاكاز تالونى!»

زاكاز ئىمزالاشنىڭ ئۆزى سەپەرۋەرلىك بۇيرۇقى. ھەمكارلىق كوپېراتىپىدىكى بارلىق خىزمەتچىلەر ھەرىكەتكە كەلدى، ئايرىش، تاغارغا قاچىلاش، گىردىن ئۆتكۈزۈش، ئېغىزنى ئېتىش، ماركا چاپلاش، ئاپتوموبىلغا بېسىش، پۈتۈن نەق مەيداندا ئىش تەقسىماتى تەرتىپلىك بولۇپ، ھەمكارلىشىپ ماسلاشقانىدى. «ئاڭلىساق، بىزنىڭ ياڭىقىمىز كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتىنىڭ نامراتلارنى يۆلەش ئۈچۈرىغا تايىنىپ سېتىلغان ئىكەن، يەنە تېخى چەت ئەلگە ئېكسپورت قىلىنىدىكەن، بىز تىرىشىپ ئىشلەيلى، بىزنىڭ سۈپەتلىك ماركىمىزغا داغ تەگكۈزسەك بولمايدۇ.» كەنت ئاھالىسى ئابلىز مەمەت ئادەتتىن تاشقىرى خۇشال ئىدى، ئىشنىمۇ ئادەتتىن تاشقىرى كۆچەپ ئىشلىدى.

دۇڭ گۈيفاڭنىڭ ياڭاق سېتىۋېلىش سودىسى پۈتتى. كىم بىلسۇن، 12 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، يار بېشى كەنتى يەنە 168 ماھۇق كىيىم قاچىلانغان بىر مېھىر - شەپقەت خالتىسىنى تاپشۇرۇۋالدى. دۇڭ گۈيفاڭ تېلېفوندا مۇنداق دېدى: «جاك شۇجى، سودا ئاخىرلاشتى، لېكىن ياردەم بېرىش - يۆلەش ئاخىرلاشمايدۇ، مەن ئىزچىل يار بېشى كەنتىگە دىققەت قىلىپ، شىنجاڭنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش ئىشلىرى ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ تۆھپە قوشۇشنى ئۈمىد قىلىمەن».

«بۇ يىل 10 - ئايدىن بۇيان، يار بېشى كەنتى باغۋەنلەر باغ - ئورمانچىلىق كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپى ھەر كىلوگىرامى 17 يۈەندىن 19 يۈەنگىچە بولغان باھا بىلەن 150 تونىنا ياڭاقنى شاڭخەي، دۇبەي قاتارلىق جايلارغا سېتىپ، 100دىن ئارتۇق ئائىلىلىك دېھقاننىڭ كىرىمنى ئاشۇرۇشىغا تۈرتكە بولدى. بىز بارلىق ئاماللاردىن پايدىلىنىپ، ئاممىنى كەسىپ ئارقىلىق كىرىمنى ئاشۇرۇش يولىدا مۇقىم ماڭالايدىغان، يىراققا ماڭالايدىغان قىلىمىز» دېدى جاك شىن.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

يېزا تۆۋەن كاپالەت ئۆلچىمى بويىچە، ئابلىمىت ئائىلىسىدىكى تۆت جان ھەر ئايدا 1120 يۈەن تۆۋەن كاپالەت پۇلى ئالالايدۇ. «گەرچە سىرت ناھايىتى سوغۇق بولسىمۇ، لېكىن قەلبىمىز ئىللىدى، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ياخشى سىياسىتىگە رەھمەت» دېدى ئابلىمىت خۇشال ھالدا.

بۇ يىل، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، خەلق ئىشلىرى سىستېمىسى پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا يېزا تۆۋەن كاپالەتنى بويىچە مەخسۇس تۈزەشنى سىجىل چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشقا كۈچ قوشتى. بولۇپمۇ «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئىشلىرى نازارىتى ئامما غەم قىلىدىغان ئىشلار، باش قاتۇرىدىغان ئىشلار، ئەندىشە قىلىدىغان ئىشلارغا قارىتا چىرىكلىك ۋە ئۇستىل مەسىلىلىرىنى چىڭ كۆزلەپ، دىققىتىنى يېزىلاردىكى ياشانغانلار، مېيىپلەر، بالىلار قاتارلىق ئالاھىدە توپقا مەركەزلەشتۈرۈپ، سىياسەت تۈزۈشنى يەنىمۇ كۈچەيتتى ھەم مەنبەدىن كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاپ، يوچۇقلارنى ئېتىپ، پارتىيەنىڭ ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش سىياسەتلىرىنىڭ قىيىنچىلىقى بار ئاممىغا ئومۇميۈزلۈك، پۇختا، دەل جايىدا ئەمەلىيلىشىشىگە ھەققىي كاپالەتلىك قىلدى. بۇ يىلدىن بۇيان، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا قىيىنچىلىقى بار 330 مىڭ ئامما تۆۋەن كاپالەت دائىرىسىگە كىرگۈزۈلدى.

## «ئۈچتە تەشەببۇسكار بولۇش» دەل جايىدا قۇتقۇزۇش - ياردەم بېرىشكە ھەققىي كاپالەتلىك قىلدى

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئىشلىرى نازارىتى قۇتقۇزۇش - ياردەم بېرىش ئوبيېكتلىرىنى بېكىتىش دەل جايىدا بولماسلىق مەسىلىسىنى چۆرىدەپ، مەسىلىلەرنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن بايقاش، مەسىلىلەرنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن تۈزىتىش، يىپ ئۇچىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن يۇقىرىغا مەلۇم قىلىشتىن ئىبارەت «ئۈچتە تەشەببۇسكار بولۇش»تا چىڭ تۇرۇپ، خەلق ئىشلىرىدىكى چوڭ سانلىق مەلۇماتنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، تەشەببۇسكار بولۇپ، 15 تارماق، يەتتە پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتى بىلەن ئۇچۇردىن ئورتاق بەھرىلىنىش تەكشۈرۈش كېلىشىمى ئىمزالاپ، ئۇچۇر سانلىق مەلۇماتلىرىنى قەرەللىك ئېلىپ، ۋاقتىدا سېلىشتۇرۇپ، گۇمانلىق نۇقتا ئۇچۇرىنى رەتلەپ ئاساسىي قاتلامغا يوللاپ، مەسىلىلەرنى تۈزىتىشنى ياخشى تۇتۇشقا ھەيدەكچىلىك قىلدى. بىرمۇبىر قايتا تەكشۈرۈش، تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش ئارقىلىق ساقلانغان مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسى تۈزىتىلدى ھەم شەرتكە يەنە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان تۆۋەن كاپالەت ئوبيېكتلىرىنى چېكىندۈرۈشنى ھەرىكەت ھالىتىدە تەڭشىدى.

ئاممىنىڭ نازارەت قىلىش ۋە مەسىلىلەرنى ئىنكاس قىلىشقا قاتنىشىشىغا قولايلىق يارىتىش ئۈچۈن، خەلق ئىشلىرى نازارىتى پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا نازارەت قىلىش، پاش قىلىش ۋە مەسىلىلەرنى ئىنكاس قىلىش تېلېفونى 12349 ھەم پوچتا ساندۇقى، تور ئادرېسى قاتارلىقلارنى ئېلان قىلىپ، ئاممىنىڭ نازارىتىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن قوبۇل قىلدى. بۇ يىلدىن بۇيان، 783 مەسىلە يىپ ئۇچى (ئەرزىيەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) توپلىدى، تەڭ دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە تارماقلىرىغا 195 يىپ ئۇچىنى ئۆتكۈزۈپ بەردى، 82 كادىرنىڭ جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈردى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتىغا 70 مەسىلە يىپ ئۇچىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۆتكۈزۈپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، خەلق ئىشلىرى نازارىتى دېلو ئارقىلىق تۈزىتىشنى ئىلگىرى سۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، مەسىلىلەرنى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلىش، ئاشكارىلاش سالمىقىنى زورايتىپ، ئەتراپتىكى ئىشلار ئارقىلىق ئەتراپتىكى كىشىلەرنى تەربىيەلىدى، خەلق تۇرمۇشى ساھەسىدىكى «خاتا تۆۋەن كاپالەت» «چۈشۈرۈپ قويۇلغان تۆۋەن كاپالەت» «ئادەمگەرچىلىك تۆۋەن كاپالىتى» ھەم يەۋېلىش، ئېلىۋېلىش، قىسىۋېلىش، تەلەپ قىلىش، ساختا مەلۇم قىلىپ كۆز بوياپ ئېلىۋېلىش، قىسىۋېلىپ تۇتۇپ قېلىش قاتارلىق چىرىكلىك ۋە ئۇستىل مەسىلىلىرىنى ئۈنۈملۈك توسىدى.

## ئومۇميۈزلۈك رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈش «تۆۋەن كاپالەتتىن ئېلىۋېتىش» «تۆۋەن كاپالەتتىن چۈشۈرۈپ قويۇش»نىڭ ئالدىنى ئالدى

«خەلق ئىشلىرى كادىرلىرىنىڭ خىزمىتىنى بۇنداق ئىنچىكە ئىشلەيدىغانلىقىنى چۈشەنمەپتىمەن، ئويلاپ باقمىغان ئىكەنمەن، ھازىر پۈتۈن ئائىلىمىزدىكىلەر تۆۋەن كاپالەتكە كىرگۈزۈلدى، تۇرمۇشىمىز كاپالەتكە ئىگە بولدى» دېدى شىخو شەھىرى بەيچۈەن بازىرى بەيياڭشۇ كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى جوۋ يۈسەي.

11 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، شىخو شەھىرى بەيچۈەن بازىرىنىڭ خەلق ئىشلىرى كادىرى گۈلنار پەرھات جوۋ يۈسەينىڭ ئائىلىسىگە زىيارەتكە كەلدى. جوۋ يۈسەي كېسەل بولۇپ ئەمگەك ئىقتىدارىدىن قالغان، خوتۇنى ليۇ لىنرۇڭنىڭمۇ سالامەتلىكى ياخشى ئەمەس ئىدى، تارباغاتاي ۋىلايىتى يېڭىدىن ئۆستۈرگەن تۆۋەن كاپالەت ئۆلچىمىگە ئاساسەن، جوۋ يۈسەي ئائىلىسىدىكىلەر تۆۋەن كاپالەت شەرتىگە ئۇيغۇن كېلەتتى. گۈلنار جوۋ يۈسەيگە ياردەملىشىپ ناھايىتى تېزلا تۆۋەن كاپالەتكە ئىلتىماس قىلىش ماتېرىياللىرىنى تەييارلاپ بەردى ھەم شىخو شەھەرلىك شەھەر - يېزا جەمئىيەت قۇتقۇزۇش - ياردەم بېرىش بىرلەشمە كېڭىشى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ تەستىقلاپ ماقۇللىشىغا سۇندى.

تارباغاتاي ۋىلايەتلىك خەلق ئىشلىرى ئىدارىسى نامرات ياشانغانلار، مېيىپلەر، بالىلار قاتارلىق ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار توپنى «تۆۋەن كاپالەتتىن ئېلىۋېتىش» «تۆۋەن كاپالەتتىن چۈشۈرۈپ قويۇش» مەسىلىلىرىنى تۈزەشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلىپ، يېزا تۆۋەن كاپالەتنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىپ، «ئائىلە ئىلتىماس قىلىش، يېزا - بازارلاردىكى خەلق ئىشلىرى تارماقلىرى قوبۇل قىلىش، تەكشۈرۈش مەركىزى تەكشۈرۈش، ناھىيە دەرىجىلىك خەلق ئىشلىرى تارماقلىرى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش»تىن ئىبارەت تەكشۈرۈپ بېكىتىش، تەكشۈرۈپ تەستىقلاش تەرتىپىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «كىرگۈزۈلىدىغانلارنى جەزمەن تەكشۈرۈش» «تۆۋەن كاپالەت دائىرىسىدىكىلەرنى قايتا تەكشۈرۈش» مېخانىزمىنى يولغا قويۇپ، ئىلتىماس قىلغان ئوبيېكتلارنىڭ ئائىلە كىرىمى، ئائىلە مال - مۈلكى قاتارلىق ئەھۋاللىرىنى ئومۇميۈزلۈك چۈشىنىپ ئىگىلەپ، شەرتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان ئوبيېكتلارنى سىياسەت - بەلگىلىمە بويىچە ۋاقتىدا تۆۋەن كاپالەتكە كىرگۈزدى، شەرتكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغانلارنى سىياسەت - بەلگىلىمە بويىچە تۆۋەن كاپالەتتىن چېكىندۈرۈپ، «كاپالەتلەندۈرۈشكە تېگىشلىكلەرنى تولۇق كاپالەتلەندۈرۈش، چېكىندۈرۈشكە تېگىشلىكلەرنى تولۇق چېكىندۈرۈش»كە ھەققىي كاپالەتلىك قىلدى.

## دەپنە مۇلازىمىتى ساھەسىدىكى قالايمىقان ئەھۋاللارنى تۈزەتتى

بىر قىسىم جايلاردىكى دەپنە مۇلازىمىتى، ۋاستىچىلىك مۇلازىمىتى، دەپنە بۇيۇملىرىنى سېتىش قاتارلىق ھالقىلاردا ساقلانغان بەلگىلىمىگە خىلاپ تىجارەت قىلىش، مەجبۇرىي مۇلازىمەت قىلىپ ھەق ئېلىش، بازار زومىگەرلىكى، باھانى زىيادە يۇقىرى بېكىتىۋېلىش، پايدا - مەنپەئەت يەتكۈزۈش قاتارلىق مەسىلىلەرگە قارىتا، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئىشلىرى نازارىتى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، دەپنە مۇلازىمىتى ھەققى ئېلىش سىياسىتىنى تۈزۈشكە تۈرتكە بولۇپ، مەسىلە تىزىملىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ئەرز - شىكايەت، پاش قىلىش تېلېفونى تەسىس قىلىپ، نازارەت قىلىش، پاش قىلىش يوللىرىنى راۋانلاشتۇرۇپ، ھەپتىلىك مەلۇمات، ئايلىق مەلۇمات تۈزۈمى ئورنىتىپ، مەخسۇس تۈزەشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىشقا ھەيدەكچىلىك قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، دەپنە مۇلازىمىتى ساھەسىنى مەخسۇس تۈزەشنى خەلق ئىشلىرى سىستېمىسىنىڭ 2 - تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسىدىكى يۇقىرى - تۆۋەن بىرلىشىپ ھەرىكەتكە كېلىپ تۈزەش مەزمۇنىغا كىرگۈزۈپ، ماسلىشىش، بىرلىشىپ ھەرىكەتكە كېلىش خىزمەت مېخانىزمى ئورنىتىپ، مەخسۇس تۈزەش خىزمىتىنى قانۇن - بەلگىلىمە بويىچە، پائال، پۇختا، تەرتىپلىك ئالغا سىلجىتتى.

ھازىرغىچە، ھەرقايسى جايلار دەپنە بۇيۇملىرىنى سېتىش قاتارلىق ھالقىلاردا ساقلىنىۋاتقان بەلگىلىمىگە خىلاپ تىجارەت قىلىش مەسىلىسىدىن جەمئىي 119نى تۈزىدى، بۇنىڭ ئىچىدە كىنىشكىسىز تىجارەت قىلىش مەسىلىسىدىن يەتتىنى، ئېنىق باھا يازماسلىق مەسىلىسىدىن 73نى، قالايمىقان ھەق ئېلىش مەسىلىسىدىن بىرنى، فېئودال خۇراپىي بۇيۇملارنى سېتىش مەسىلىسىدىن 37نى، دەپنە بۇيۇملىرىنى زورلاپ ئېلىش - زورلاپ سېتىش مەسىلىسىدىن بىرنى تۈزىدى؛ دەپنە مەخسۇس ئاپتوموبىلىدىن باشقا ئاپتوموبىلدا جەسەت توشۇش مەسىلىلىرىنى تۈزەپ، 18 ئاپتوموبىلنى تەكشۈرۈپ تۇتۇپ قالدى، ئىككى ئاپتوموبىلغا ئاگاھلاندۇرۇش بەردى. ئالتاي ۋىلايىتى مەخسۇس تۈزەش خىزمىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، پىچاقنىڭ بىسىنى ئۆزىگە قارىتىپ، ھەرقايسى ناھىيە - شەھەرلەرنىڭ خەلق ئىشلىرى تارماقلىرىدىكى مۇناسىۋەتلىك خادىملاردىن 21 ئادەم قېتىمنى ئەسكەرتتى، چاقىرتىپ سۆزلەشتى؛ سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى، بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى دەپنە ساھەسىدىكى مەسىلە يىپ ئۇچلىرىغا قارىتا «قايتا قاراپ چىقىش»نى قانات يايدۇردى؛ ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق ئىشلىرى ئىدارىسى بازار نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسى قاتارلىق بەش مۇناسىۋەتلىك تارماق بىلەن بىرلىشىپ، «ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى دەپنە ئاپتوموبىللىرىنى باشقۇرۇشنى يەنىمۇ قېلىپلاشتۇرۇش ۋە كۈچەيتىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»نى تۈزۈپ، دەپنىگە توشۇش ئاپتوموبىللىرىنىڭ بەلگىسىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئاپتوموبىل ھېساباتى دەپتىرى تۇرغۇزۇپ، دەپنە ئاپتوموبىللىرىنىڭ يۈرۈش - تىجارەت ھەرىكىتىنى يەنىمۇ قېلىپلاشتۇردى.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

شىنجاڭنىڭ گۈللىنىشى، مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش، جۇڭگونىڭ تەرەققىي قىلىپ كۈچىيىشىنى توسۇشتەك رەزىل نىيىتىنى تولۇق ئاشكارىلىدى.

مەن 67 يىللىق پارتىيە ئىستاژىغا ئىگە بىر پېشقەدەم پارتىيە ئەزاسى، پېشقەدەم كادىر، ئۆمۈرلۈك زېھنىمنى پارتىيە ئىشلىرىغا بېغىشلىدىم، دېموكراتىيە، قانۇنچىللىق قۇرۇلۇشى ئىشلىرىغا بېغىشلىدىم، ئائىلىلار، بالىلار ئىشلىرىغا بېغىشلىدىم. مەن شۇنى چوڭقۇر بىلىمەنكى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى بولمىسا، شىنجاڭنىڭ تارىخىي زور ئۆزگىرىشى بولمايتتى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بۈگۈنكى بەختلىك تۇرمۇشى بولمايتتى. بولۇپمۇ پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، كۆپلىگەن خەلققە نەپ يەتكۈزۈش سىياسىتىنى يولغا قويدى، شىنجاڭ گۈللەندى، مۇقىم بولدى، گۈللىنىپ راۋاجلاندى، قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلىرى خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ كەڭ تەرىپلىشىگە ئېرىشتى.

شىنجاڭ جۇڭگونىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش كۈرىشىدىكى ئاساسىي جەڭ مەيدانى. بىر مەزگىلدىن بۇيان، «ئۈچ خىل كۈچ» نەچچە مىڭ قېتىم زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقەسى)لىرىنى سادىر قىلدى، ئۇلار دىن تونىغا ئورىنىۋېلىپ، دىنىي ئەقىدىلەرنى بۇرمىلاپ، غازاتنى تەرغىب قىلىپ، بىگۇناھ ئاممىنى ئىسكەنجىگە ئالدى، ھەتتا نادان ئۆسمۈرلەر - بالىلارنى ناچار يولغا باشلىدى، ئەسلىدە تۇرمۇشنى قىزغىن سۆيىدىغان، گۈزەللىكنى قىزغىن سۆيىدىغان، يورۇقلۇققا ئىنتىلىدىغان بىر قىسىم ئۇيغۇر ئائىلىلىرىنىڭ ئىدىيەسىنى چەكلىمىگە ئۇچرىتىپ، نىقابلىق كىيىم كىيىشكە مەجبۇرلىدى، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ - ئادىتى بىلەن چىقىشالمايدۇ. «ئۈچ خىل كۈچ»نىڭ بۇنداق ئىنسانىيەتكە قارشى، جەمئىيەتكە قارشى، مەدەنىيلىككە قارشى قىلمىشى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھاياتلىق ھوقۇقى، ياشاش ھوقۇقى ۋە تەرەققىيات ھوقۇقىنى ئېغىر دەپسەندە قىلدى. ھەر مىللەت خەلق بۇنىڭغا چەكسىز نەپرەتلەندى، زوراۋان - تېررورچىلارغا قاتتىق زەربە بېرىش ساداسى كۈچەيدى.

قانۇن بويىچە زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايەتلىرىدىن قاتتىق مۇداپىئەلىنىش ۋە ئۇنىڭغا قاتتىق زەربە بېرىش ئۈچۈن، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تېررورىزمغا قارشى تۇرۇش قانۇنى»نى ماقۇللاپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ قەتئىي ھىمايىسىگە ئېرىشتى، جۇڭگونىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش خىزمىتى پۇختا قانۇنىي ئاساسقا ئىگە بولدى. ئاساسىي قانۇن، مىللىي رايون ئاپتونومىيە قانۇنى قاتارلىقلارغا ئاساسەن، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تېررورىزمغا قارشى تۇرۇش قانۇنى›نى يولغا قويۇش چارىسى» «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش نىزامى»نى ئېلان قىلدى. كەڭچىلىك قىلىش بىلەن قاتتىق جازالاشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش پرىنسىپىغا ئاساسەن، شىنجاڭ «بىر قولدا زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايەتلىرىگە زەربە بېرىشنى تۇتۇش، بىر قولدا ئالدىنى ئېلىش ۋە تەربىيە بېرىش، يېتەكلەش خىزمىتىنى تۇتۇش»تا چىڭ تۇرۇپ، ھەم قانۇن بويىچە ئاز ساندىكى ئېغىر زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايەتلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىپ، ھەم مەنبەدىن تۈزەشنى قانات يايدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، قانۇن بويىچە كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركىزىنى تەسىس قىلىپ، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، دىنىي ئەسەبىيزىم بىلەن يۇقۇملانغان، قانۇنغا يېنىكرەك خىلاپ جىنايىتى بارلارنى ئەڭ زور چەكتە تەربىيەلەپ قۇتقۇزدى.

تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە تەربىيەلىنىش ئارقىلىق، تەربىيەلەنگۈچىلەر دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقىنى ئىگىلەپ، قانۇن ئېڭىنى كۈچەيتىپلا قالماي، يەنە ئەمگەك ماھارىتىنى ئۆگەندى، ئۇلار قارا تۇماندىن قۇتۇلدى، قۇياش نۇرىدەك تەبەسسۇم ئۇلارنىڭ چىرايىدا قايتا جىلۋىلەندى. تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە، ئىلگىرى جەمئىيەت پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىشنى خالىمايدىغان ئائىلىلار ئۆزگىرىپ ئۈمىدۋار بولدى، ئۆزىگە ئىشەندى، مۇستەقىل بولدى، ئۆزىنى كۈچەيتتى. تەربىيەنى تاماملىغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ھۆسن گۈزەللەشتۈرۈش دۇكىنى، تىككۈچىلىك دۇكىنى قاتارلىقلارنى ئېچىپ، زامانىۋى ئىدىيە بىلەن تىجارەت قىلدى ۋە باشقۇردى؛ بەزىلىرى كەنتتىكى بېيىش ماھىرىغا ئايلاندى. بۇلارنى كۆرۈپ، مەن چىن كۆڭلۈمدىن خۇشال بولدۇم.

ھازىرغا قەدەر، شىنجاڭدا ئۈدا ئۈچ يىل تېررورلۇق، زوراۋانلىق دېلو(ۋەقە)سى يۈز بەرمىدى. جەمئىيەتتە توغرا كەيپىيات ئەۋج ئالدى، ناچار كەيپىيات ئازايدى، پۇقرالارنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى، قانۇن ئېڭى ئۈزلۈكسىز ئۆستى. ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر پارتىيەنىڭ تۈرلۈك خەلققە نەپ يەتكۈزۈش سىياسەتلىرىنى پائال ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تېررورىزمغا ۋە ئەسەبىيزمنىڭ سىڭدۈرمىچىلىكىگە تاقابىل تۇرۇش مۇداپىئە سېپىنى مۇستەھكەملەپ، ھەر مىللەت خەلقنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى زور دەرىجىدە كۈچەيتتى.

ھەق - ناھەقنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋېتىشكە بولمايدۇ، ئادىللىق كىشىلەر قەلبىدە. ھازىر شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادى سىجىل تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ، جەمئىيەت ئىناق، مۇقىم، خەلق تۇرمۇشى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاندى، دىنلار ئىناق، رايىش، ھەر مىللەت خەلق بىرلىكتە زىچ ئىتتىپاقلاشتى. ھالبۇكى، ئامېرىكا تەرەپ بۇنداق ئاساسىي پاكىتنى كۆرمەسمۇ كۆرمەسكە سالدى، ئۇلار گۈللەنگەن، مۇقىم شىنجاڭنى كۆرۈشنى خالىماي، قۇدرەت تاپقان سوتسىيالىستىك جۇڭگونىڭ قەد كۆتۈرۈشىنى كۆرۈشنى خالىماي، ئوچۇق - ئاشكارا پاكىت ئويدۇرۇپ چىقىپ، ئاق - قارىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىپ، شىنجاڭنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش ئۈچۈن كۆرسەتكەن غايەت زور تىرىشچانلىقىغا زەھەرخەندىلىك بىلەن ھۇجۇم قىلىپ، شىنجاڭنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئىشلىرىدا قولغا كەلتۈرگەن غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە قەستەن تۆھمەت قىلدى. بۇنداق زەھەرخەندە، رەزىل قىلمىش شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتۈن جۇڭگو خەلقىنىڭ ھېسسىياتىغا ئېغىر زىيان يەتكۈزدى، مەن بۇنى كۈچلۈك ئەيىبلەيدىغانلىقىمنى، ئۇنىڭغا قەتئىي قارشى تۇرىدىغانلىقىمنى بىلدۈرىمەن.

شىنجاڭ جۇڭگونىڭ شىنجاڭى. مەن شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمەنكى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، پارتىيەنىڭ مىللەت سىياسىتىنىڭ شانلىق نۇرىدا، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلق بىلەن بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا ئارىلىشىدىغان، جۇڭگونىڭ تەرەققىياتىنى توسىدىغان ھەر قانداق سۇيىقەستنى مۇقەررەر ئۇزۇل - كېسىل بىتچىت قىلىدۇ، بىزنىڭ گۈزەل شىنجاڭ بەرپا قىلىپ، ۋەتەن ئارزۇسىنى ئورتاق ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى مەزمۇت قەدىمىمىزنى ھېچكىم توسىيالمايدۇ!

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگىراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)